سەلتەنەتلىك 70 يىل  كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قايناق ـ تاشقىنلىق يىللىرى

# خىزمەت ئۇسلۇبىنى ياخشىلاش، ئاممىغا بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاش توغرىسىدىكى مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (چى شېڭ)** 2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىدا «18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ خىزمەت ئۇسلۇبىنى ياخشىلاش، ئاممىغا بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاش توغرىسىدىكى سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسى»، يەنى «مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسى» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى.

بەلگىلىمىدە مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدىكى بارلىق يولداشلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ياخشىلاپ، رەسمىيەتچىلىك قىلىشتىن، شەكىلۋازلىق قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىشى كېرەك؛ ئاددىي، يېنىك جابدۇنۇپ، ھەمراھ بولۇشنى ئازايتىپ، كۈتۈۋېلىشنى ئاددىيلاشتۇرۇشى كېرەك. يىغىن ـ پائالىيەتلەرنى ئىخچاملاپ، يىغىن ئۇسلۇبىنى ھەقىقىي ياخشىلاش؛ يىغىنىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، يىغىنىنى قىسقا ئېچىپ، قىسقا سۆز قىلىپ، قۇرۇق گەپ، تەكەللۇپ سۆزلەردىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. ھۆججەت، قىسقا خەۋەرلەرنى ئىخچاملاپ، يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىنى ھەقىقىي ياخشىلاپ، ماھىيەتلىك مەزمۇنى بولمىغان، تارقاتسىمۇ ـ تارقاتمىسىمۇ بولىدىغان ھۆججەت، قىسقا خەۋەرلەرنى بىردەك تارقاتماسلىق كېرەك. زىيارەتكە چىقىش پائالىيەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، زىيارەتكە بىللە چىقىدىغان خادىملارنى قاتتىق كونترول قىلىپ، قەتئىي ھالدا قاتناش قوراللىرىغا بەلگىلىمە بويىچە ئولتۇرۇش كېرەك. قوغداش خىزمىتىنى ياخشىلاپ، قاتناشنى كونترول قىلىشنى ئازايتىش، ئادەتتىكى ئەھۋالدا يولنى قامال قىلماسلىق، مەيدانلارنى تازىلىماسلىق، سارايلارنى تاقىۋالماسلىق كېرەك. ئاخبارات خەۋەرچىلىكىنى ياخشىلاپ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدىكى يولداشلار قاتناشقان يىغىن ۋە پائالىيەتلەرنى خىزمەت ئېھتىياجى، ئاخبارات قىممىتى، جەمئىيەت ئۈنۈمىگە ئاساسەن خەۋەر قىلىش ـ قىلماسلىقنى قارار قىلىپ، خەۋەر قىلىشنىڭ سانى، خەت سانى، ۋاقىت ئۇزۇنلۇقىنى يەنىمۇ قىسقارتىش كېرەك. ماقالە ئېلان قىلىشنى چەكلەپ، مەركەز بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرغاندىن باشقا، شەخسلەر ئەسەر، نۇتۇق كىتابچىلىرىنى ئاشكارا نەشر قىلدۇرماسلىقى، تەبرىك خېتى، تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتمەسلىكى، كىرىش سۆز، بېغىشلىما يازماسلىقى كېرەك. ئىقتىسادچىل، تېجەشلىك بولۇشنى قاتتىق يولغا قويۇپ، تۇرالغۇ، ئاپتوموبىل سەپلەش قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك خىزمەت ۋە تۇرمۇش تەمىناتىغا دائىر بەلگىلىمىلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىش كېرەك.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كۈچلۈك تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە قەيسەر ئىرادىسى، پەزىلىتى بىلەن، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنى تۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىشتا ئىشنى مەسىلىدە بۆسۈش ھاسىل قىلىش، قاتتىق بولۇشنى باشلامچى قىلىش، پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىشتىن باشلاپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا سىلجىتىپ، ئىلگىرى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ دەپ قارالغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى، پارتىيە ئىستىلى، ھۆكۈمەت ئىستىلى ۋە جەمئىيەت كەيپىياتىدا ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر، تەسىرى چوڭقۇر ـ ئۆزاق، كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرىدىغان ئۆزگىرىشلەر بولدى.

2017 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ تۇنجى قېتىملىق يىغىنىدا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭىتىشتا ئىزچىل چىڭ تۇرۇشتەك روشەن پوزىتسىيەسى ۋە قەتئىي ئىرادىسىنى نامايان قىلىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتكە بىر مۇنۇتمۇ توختاپ قالماي ئىستىل قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشنىڭ كۈچلۈك سىگنالىنى تارقاتتى.

# ئاپتونوم رايونىمىز كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، «كېچىدىكى گۈزەل شىنجاڭ»نى يورۇتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۆزگىچە مەززىلىك تائاملار كوچىسى، داڭلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسى قاتارلىقلارنى مەركەز قىلىپ كېچىلىك ئىقتىساد كەسىپ ھالىتىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە تەنتەربىيە مەيدان ـ سارايلىرى، كۇتۇپخانا، مۇزېي، كىنوخانا، كېچىلىك تەربىيەلەش ـ يېتىشتۈرۈش ئاپپاراتى، باغچە ئويۇن قويۇش، كۆڭۈل ئېچىش مەيدانى قاتارلىقلارغا تايىنىپ، مەدەنىيەت ـ ساياھەت ئىستېمال تىپىدىكى ئۆلگە كۆرسىتىش رايونى بەرپا قىلىدۇ؛ كېچىلىك ئىستېمالغا ئىشلەتكىلى بولىدىغان كوچىدىكى تار كوچا، يېپىق بازار ۋە بوش قالغان سودا ئەسلىھەلىرى، بىكار تۇرغان زاۋۇت ئۆيلىرى قاتارلىقلارغا تايىنىپ، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇش تىپىدىكى ئۆلگە كۆرسىتىش رايونى بەرپا قىلىدۇ.

«پىكىر»دە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: «1 ـ ماي شىنگۇاڭ كەچلىك بازىرى» «خوتەن كەچلىك بازىرى» قاتارلىق بىر تۈركۈم كېچىلىك ئىقتىساد ۋاستىلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولۇپ، تونۇلۇش دەرىجىسىنى كېڭەيتىپ، جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىغا داڭلىق كېچىلىك ئىقتىساد سۈپەتلىك ماركىسى يارىتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىز يەنە كېچىلىك تىجارەت ۋاقتىنى ئۇزارتىشقا ئىلھام بېرىدۇ. «پىكىر»دە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسى بار شەھەرلەردىكى سودا سارىيى، مال سېتىۋېلىش مەركىزى، مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق سورۇنلاردا ئادەتتە سائەت 23تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىنگىچە تىجارەت قىلىشنى، ھەپتە ئاخىرىدىكى تىجارەتنى ئەتىسى سائەت نۆلدىن ئاشقانغىچە قىلىشنى، يېڭى يىل، چاغان، دۆلەت بايرىمى قاتارلىق مۇھىم، چوڭ بايرام ـ دەم ئېلىش كۈنلىرىدە پۈتۈن كېچە تىجارەت قىلىشنى قوللاش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. نوپۇسى مىليوندىن تۆۋەن شەھەرلەر ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن تىجارەت ۋاقتىنى مۇۋاپىق ئۇزارتسا بولىدۇ. سۈپەتلىك ماركىلىق يېمەك ـ ئىچمەك، دورا، پارچە سېتىش قاتارلىق زەنجىرسىمان كارخانىلارنىڭ 24 سائەتلىك زەنجىرسىمان دۇكان قۇرۇلۇشى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى زورايتىشقا مەدەت بېرىلىپ، بايرام ـ دەم ئېلىش كۈنلىرى، دۇكان تەبرىكلەش كۈنى مەزگىلىدە «ئىشتىن چۈشمەسلىك» قاتارلىق كەچلىك سېتىشنى تېزلىتىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلىدۇ.

كېچىلىك ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، «پىكىر»دە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر قانۇن ـ نىزاملاردا رۇخسەت قىلىنغان دائىرە ئىچىدە كەچلىك بازار تىجارىتى سۇبيېكتلىرىنىڭ ئىجازەت شەرتىنى تۆۋەنلىتىپ، تەستىقلاش تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇشى كېرەك؛ سودا چەمبىرىكىدىكى سودا ئەسلىھەلىرىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، سېتىشنى تېزلىتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق كېچىلىك ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈشكە ئالاقىدار ئەسلىھە قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىشى كېرەك. ھەرقايسى جايلار كېچىلىك ئىقتىساد تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلىپ چىقىرىپ، كېچىلىك ئىقتىساد ئۆلگە كۆرسىتىش كوچىسىدىكى سودىگەرلەرنىڭ توك ئىشلىتىش، سۇ ئىشلىتىش، ئېنېرگىيە ئىشلىتىشى قاتارلىقلارغا بەلگىلىك ئېتىبار بېرىشى كېرەك. شەھەرلەرنى گۈزەللەشتۈرۈش، يورۇقلاشتۇرۇش، ئىستېرېئولۇق يورۇتۇش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، كوچا مەنزىرىسىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان ئاممىۋى يورۇتۇش ۋە بېزەپ يورۇتۇش ئەسلىھەلىرى قاتارلىق تىجارەت خاراكتېرىدە بولمىغان توك ئىشلىتىشنى شەھەر ئاممىۋى توك تەقسىملەش تورىغا كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# خەلقنىڭ ياخشى قوغدىغۇچىسى ياۋ سخۈي

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جېڭجوۋ، 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر خەن جاۋياڭ)** خېنەن ئۆلكىسى لوياڭ شەھىرى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى ئىچىدە، «ئىنقىلابىي قۇربانلار مەڭگۈ ھايات» دەپ خەت يېزىلغان ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، دائىم ياشىرىپ تۇرىدىغان قارىغاي ـ ئارچىلار قەھرىمانلارنىڭ روھىغا ھەمراھ بولۇپ تۇرىدۇ، خەلقنىڭ ياخشى قوغدىغۇچىسى، لوياڭ شەھەرلىك قاتناش ساقچى تارماق ئەترىتىنىڭ خەلق ساقچىسى ياۋ سخۈي قۇربان بولغاندىن كېيىن بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ئۆز ھاياتى بىلەن قوغدىغان يۇرت ـ ماكانىنى داۋاملىق ساقلىماقتا.

ياۋ سخۈي (1994 ـ 1952)، خېنەن ئۆلكىسى رۇجوۋ شەھىرىدىن بولۇپ، 1971 ـ يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، 1993 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، ھايات ۋاقتىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خېنەن ئۆلكىسى لوياڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتى شىگۇڭ 2 ـ ئەترىتىنىڭ خەلق ساقچىسى، بۆلۈم ئەزاسى، قاتناش ساقچى تارماق ئەترىتى 2 ـ چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى، 3 ـ دەرىجىلىك يېتەكچى ساقچى بولغان.

1994 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ياۋ سخۈي مېڭجىندىن لوياڭغا قايتىش يولىدا، بىر توپ قارا نىيەتلىك يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر شوپۇرنى ئۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ، دەرھال بېرىپ توسقان، غالجىرلاشقان قارا نىيەتلەر ئۇنى قورشىۋالغان، ئۇ زوراۋانلىقتىن قورقماي، ئۇرۇپ يارىلانغان شوپۇرنى بەدىنى بىلەن قوغداپ، قارا نىيەتلەر بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشقان، ئاخىرىدا ئۆزى يالغۇز بولغاچقا قارا نىيەتلەرگە تەڭ كېلەلمەي، ئۇچىغا چىققان ياۋۇز قارا نىيەتلەر تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئېغىر يارىلاندۇرۇلغان بولۇپ، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

يولداش ياۋ سخۈي 1971 ـ يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتناش باشقۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، 22 يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، تىرىشچان ـ سەممىي بولۇپ، خىزمىتىگە سادىق بولۇپ، باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قىلىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يەتتە قېتىم ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋەقەلىرىنى توسۇغان. ياۋ سخۈي ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىپ، پاك ـ دۇرۇس بولۇپ، ئۆزىنى پاك تۇتقان، ئۇ بىر تەرەپ قىلغان ئاپتوموبىللارنىڭ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىش قىلمىشى 10 مىڭ قېتىمدىن ئارتۇق بولۇپ، ئەزەلدىن بىر قېتىممۇ سوۋغات قوبۇل قىلماي، ئەزەلدىن بىر قېتىممۇ زىياپەتكە بارماي، بىر تەرەپ قىلىنغان قائىدىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى چىن كۆڭلىدىن قايىل قىلغان. ياۋ سخۈي خەلقنى قىزغىن سۆيۈپ، مەدەنىي ۋەزىپە ئىجرا قىلىپ، ھەر ۋاقىت ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، ئاممىنى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىا تەرىپىدىن «خەلقنىڭ جېدىدىي ئىشنى ھەل قىلىدىغان، ساقچى ئىستىلى ئالىيجاناب» ياخشى قوغدىغۇچى دەپ تەرىپلەنگەن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بەش قېتىم ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان، توققۇز قېتىم مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى بولۇپ باھالانغان.

1994 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ياۋ سخۈيغا جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سېپىدىكى 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلدى. شۇ يىلى، خېنەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يولداش ياۋ سخۈينى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

«ئۇرغۇپ تۇرغان قەھرىمانلار جاسارىتى، مىللەت يىللاردىمۇ يەنىلا ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. يولداش ياۋ سخۈي ئۇچىغا چىققان ياۋۇز قارا نىيەتلەر ئالدىدا، پىداكارلىق كۆرسىتىپ، قۇربان بېرىشتىن قورقماي، ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن جەمئىيەتنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى قوغداپ، قاتناش ساقچىلىرى قوشۇنىنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىش، قاتتىق ئەمەل قىلىش ـ سادىق بولۇشنىڭ مەدھىيە ناخشىسىنى يېزىپ چىقتى. بۇ، لوياڭدىكى قاتناش ساقچىلىرىنىڭ بىر قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى بولۇپ، كەڭ خەلق ساقچىلىرىنى ئەسلى مەقسىتىنى ئۇنتۇماي، بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتناش باشقۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن يەنە يېڭى تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇرماقتا» دېدى لوياڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاتناش ساقچى تارماق ئەترىتىنىڭ جېڭۋېي شىن شياۋۋېي.

«دادامنىڭ ۋاپات بولغىنىغا 25 يىل بولدى، ئۇ ھايات ۋاقتىدا دائىم ئەتىگەن چىقىپ كېتىپ كەچ قايتىپ كېلەتتى، ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنىڭ مۇقىم ۋاقتى يوق ئىدى، بىرقەدەر سۇرلۇك، كەم سۆز ئىدى، لېكىن باشقىلارغا مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، خىزمەتتە ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلاتتى، خىزمەتداشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنى بەك ئېتىراپ قىلاتتى.» ياۋ سخۈي قۇربان بولغان چاغدا، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ياۋ جۈنفېڭ ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن، كىچىك ئوغلى ياۋ جۈنجيې ئەمدىلا ئون ياشقا توشقانىدى. «دادامنىڭ تەسىرىدە، مەن ۋە ئىنىم ئىككىلىمىز ساقچى مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ساقچى بولدۇق» دېدى ياۋ جۈنفېڭ.

ھەر يىلى چىڭمىڭ كۈنىدە، ياۋ جۈنفېڭ بىر ئائىلىدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەننى ئېلىپ لوياڭ شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا بېرىپ دادىسىنىڭ قەبرىسىنى سۈپۈرىدۇ، بۇ ھەم دادىسىنى ياد ئېتىش، ھەم كېيىنكى ئەۋلادلارغا بولغان تەربىيە بولۇپ، ئۇلارغا «خەلق ساقچىسى» دېگەن سۆزنىڭ سالماقلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

# خەلق ساقچىسى بەيمۇرىن: تىنچلىق يىللىرىدا يەنىلا قورال ـ ياراغ، پارتلاتقۇچ دورىدىن قورقماسلىق

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كۆكخوت، 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ۋاڭ جىك)** «ئاۋات شەھەر ـ بازار، جىمجىت تاغ جىلغىلىرىدا، خەلق ساقچىلىرىنىڭ سىيماسى ئاينىڭ ئولتۇرۇشى، كۈننىڭ چىقىشىغا بولار ھەمراھ، مۇقەددەس دۆلەت گېربى چاچار ئادالەت نۇرىنى، ئالتۇن رەڭ قالقان قوغدار تۈمەنلىگەن ئائىلىنى...» دادىسى بەيمۇرىننىڭ قەبرە تېشى ئالدىدا، ئوخشاشلا ساقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شارۇنا بىلەن مەندۇلا «خەلق ساقچىلىرى ناخشىسى» دېگەن بۇ ناخشىنى ئېيتتى.



بەيمۇرىننىڭ سۈرىتى.
□شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

ھەر قېتىم دادىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا تۇرغاندا، شارۇنا بىلەن مەندۇلا ئىختىيارسىز ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسكە ئالىدۇ، كۆزلىرى ياش بىلەن خىرەلەشسىمۇ، دادىسىنىڭ ئېنىق چىرايى، ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىشى، دىققىتىنى يىغقان نەزەرى يەنە كۆز ئالدىدا نامايان بولىدۇ...

بەيمۇرىن 1963 ـ يىلى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى جىرىم ئايمىقى خۇرچىن سول قانات ئوتتۇرا خوشۇنى (بۇگۇنكى تۇڭلياۋ شەھىرى خۇرچىن سول قانات ئوتتۇرا خوشۇنى)دا تۇغۇلغان. ئۇ موڭغۇل مىللىتىدىن بولۇپ، 1980 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، 1983 ـ يىلى ئالشا سول خوشۇنى بۇگۇتۇ سۇمۇ ئەدلىيە ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ ئەدلىيە ياردەمچىسى بولغان، 1992 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. 1992 ـ يىلى، بەيمۇرىن جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتنىشىپ، ئالشا سول خوشۇنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى خاۋسبۇئېردۇ سۇمۇدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خاس ۋەكىلى، 2 ـ دەرىجىلىك مەسئۇل ساقچى بولغان.

1994 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، بىر قارا نىيەتنىڭ بەدىنىگە پارتلاتقۇچ دورا تېڭىپ، بىر چارۋىچىنى پارتلىتىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى توغرىسىدىكى دېلو مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بەيمۇرىن تېزلىكتە باشقا يولداشلار بىلەن بېرىپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان. ئۇ بەدىنىگە پارتلاتقۇچ دورا تېڭىۋالغان، قولىدا پارتلاتقۇچ بويۇم تۇتۇۋالغان قارا نىيەت ئالدىدا، ئۆزىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزى يالغۇز قارانىيەت بىلەن ئەقىل ـ پاراسەت ۋە جاسارەت بىلەن كۈچ سىنىشىپ، قارانىيەتنى بويسۇندۇرىدىغان پۇرسەتنى ئىزدىگەن، چۈشتىن كېيىن سائەت 4تە، غالجىرلاشقان قارانىيەت تۇيۇقسىز پارتلاتقۇچ دورىنى پارتلاتقان، يولداش بەيمۇرىن قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ 31 ياشتا بولۇپ، خەلق ساقچىلىرىنىڭ مەردانە، شەخسىيەتسىز، قورقماس سەلتەنەتلىك مەدھىيە ناخشىسىنى پۈتۈپ چىققان.

1992 ـ يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، بەيمۇرىن كەسىپ ئۈستىدە ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىپ، باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە تاپا ـ تەنىگە قارىماي، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشقان، ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا تۈرلۈك ئامانلىق دېلوسى، جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن جەمئىي 20 نەچچىنى رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلىپ، خەلق پۇلىغا سوندۇرغاندا 35 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى زاڭ پۇل، زاڭ مالنى قولغا چۈشۈرگەن. ئۇ ئاممىا بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ چارۋىچىلار ئۈچۈن ھەقسىز 30 نەچچە ئاپتوموبىلنى رېمونت قىلىپ بەرگەن، 170 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق ئوت ـ چۆپ ئاپىرىپ بەرگەن، 5000 جىڭ ئاشلىق سېتىۋالغان بولۇپ، ئاممىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئىلگىرى ئالشا سول خوشۇنى جامائەت خەۋپسىزلىكى سېپىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالانغان، بىر قېتىم شەرەپ بىلەن 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىنغان.

1992 ـ يىلى قىشتا، بەيمۇرىن بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇۋاتقان چاغدا، پىشقەدەم چارۋىچى ۋاڭ شائېرنىڭ ئۆيىگە كەلگەن. ئىشكتىن كىرىپلا بوۋاينىڭ يەردە ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. ئەسلىدە، ھاۋا بارغانسېرى سوۋۇپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ يەم ـ خەشەك ئالىدىغانغا پۇلى يوق ئىكەن. مال ـ چارۋا چارۋىچىلارنىڭ جېنى، ئەگەر قار يېغىشتىن بۇرۇن يەم ـ خەشەكنى غەملىۋالمىسا، مال ـ چارۋىلارنىڭ قىشتىن ئۆتۈشى مەسىلە بولۇپ قالاتتى.

بەيمۇرىن شۇ كۈنى ئۆزىنىڭ مائاشى ۋە ئازراق يىغىپ قويغان پۇلىغا ۋاڭ شائېر ئېھتىياجلىق يەم ـ خەشەك سېتىۋېلىپ، بۇ پىشقەدەم چارۋىچىنىڭ جىددىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەرگەن. بەيمۇرىننىڭ قۇربان بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ۋاڭ شائېر يىغلاپ تۇرۇپ: «مۇشۇنداق ياخشى ساقچى قانداقلارچە كېتىپ قالىدۇ!» دېدى.

1994 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى، ئالشا ئايمىقى ۋە تۇنجى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش چوڭ ئەترىتىدە جازا ئۆتەۋاتقان بىرەيلەن سىرتقا چىقىپ ئەمگەك قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتكەن. شۇ چاغدا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش چوڭ ئەترىتىدە تۇرۇشلۇق قوراللىق ساقچى قىسىم قاماپ تۇرۇش ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقلىقىنى ئۆتەۋاتقان لىيۇ خې مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال خىزمەتداشلىرى بىلەن ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ قوغلاپ تۇتۇشقا ئاتلانغان. قوغلاپ تۇتۇش شۆبە ئەترىتى ئالشا سول خوشۇنىدىكى خاۋسبۇئېردۇ سۇمۇغىچە قوغلاپ كەلگەندە كۈچى يېتىشمەي، بەيمۇرىندىن ياردەم سورىغان. «ئۇ خاۋسبۇئېردۇ سۇمۇغا كىرسىلا، يەنە قېچىپ قۇتۇلالىشى مۇمكىن ئەمەس.» بەيمۇرىننىڭ كەسكىنلىك بىلەن جاۋاب بېرىشى لىيۇ خېدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

ئۇزاق ئۆتمەي، لىيۇ خې قاچقۇن جىنايەتچىنىڭ تۇتۇلغانلىق خەۋىرىنى تاپشۇرۇۋالغان، ئەسلىدە، شۇ كۈنى بەيمۇرىن ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئوزۇق ـ تۈلۈك، سۇدانى ئېلىپ، موتوسىكلىت بىلەن چۆل ـ جەزىرىدە 100 كىلومېتىردەك ئىزدىگەن، يەنە كەڭ چارۋىچى ئاممىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، يېرىم كېچىدە ئاندىن تۇرۇشلۇق جايىغا قايتقان. 2 ـ كۈنى سەھەردىلا، بەيمۇرىن خاۋسبۇئېردۇ سۇمۇغا كىرىپ چىقىدىغان ھەرقايسى يول ئېغىزلىرىغا بېرىپ چارلاپ تەكشۈرۈپ، قاچقۇن جىنايەتچىنى بايقىغان. بەيمۇرىن ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى بويسۇندۇرغان، يەنە قارشى تەرەپنىڭ بەدىنىدىن بىر پىچاقنى ئاختۇرۇپ تاپقان. بەيمۇرىنغا بولغان مىننەتدارلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش چوڭ ئەترىتى ئالايىتەن بىر لەۋھە ياساتقان ھەم رەھمەت خېتى يازغان. لېكىن بۇنى ئاپىرىپ بېرىشقا ئۈلگۈرمەيلا، بەيمۇرىن قۇربان بولغان.

1994 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، بەيمۇرىنغا 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلدى. 1995 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، بەيمۇرىنغا ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ نام بېرىلدى ھەم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، ئاممىا قەھرىماندىن ئۆگىنىشكە چاقىرىق قىلىندى.

دادىسىنىڭ تەسىرىدە، ئەينى چاغدا يېشى ناھايىتى كىچىك بولغان شارۇنا بىلەن مەندۇلانىڭ بىر چوڭ ئارزۇسى بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ خەلق ساقچىسى بولۇش ئىدى. 2007 ـ يىلى، 2009 ـ يىلى ئۇلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شەرەپ بىلەن ئۇزاقتىن بۇيان ئىنتىلگەن ساقچى فورمىسىنى كىيىپ، دادىسىنىڭ ئىزىنى بويلاپ، «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش»تەك يۈكسەك غايىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ جامائەت خەۋپسىزلىك سېپىگە كىرىپ، شەرەپلىك خەلق ساقچىسى بولدى.